# 9084 ـ ھارام ۋە مەكرۇھنى بىلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

مەكرۇھ دېگەن لەپزىدىن نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟ ھارام بىلەن مەكرۇھنىڭ ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەكرۇھ دېگەن لۇغەتتە: مەھبۇب-ياخشى كۆرۈلىدىغان نەرسىنىڭ زىتتىدۇر.

ئالىملارنىڭ ئىستىلاھىدا: شەرىئەت كەسكىن بولمىغان شەكىلدە قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان ئىشتۇر، بۇيرۇققا بويسۇنۇپ قىلمىغان كىشىگە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ، قىلغان كىشى جازالانمايدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەمما ھارام دېگەن لۇغەتتە: چەكلەنگەن دېمەكتۇر.

ئالىملارنىڭ ئىستىلاھىدا: شەرىئەت كەسكىنلىك بىلەن قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغان ئىشتۇر. ھارام دېگەن ھالالنىڭ زىتى بولۇپ، شەرىئەت چەكلىگەنلىكى ئۈچۈن بۇيرۇققا بويسۇنۇپ قىلمىغان، ھارامدىن يىراق بولغان كىشى ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئەمما ھارام ئىشنى باشقىلاردىن ھايا قىلىپ ياكى قىلالمىغانلىقتىن ياكى يەتمەي ياكى بىرەر قورقۇنچىدىن قىلمىغان (تەرك قىلغان) كىشىگە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.